نويابىر 2024
ئومۇمىي 52- سان

# ئىستىقلال ئاۋازى

## تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى قايتىدىن دىققەت قوزغىدى



خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەسچىتكە ھاقارەت قىلىشى غۇلغۇلا قوزغىدى
3-بەت

خىتاي يەنە بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى
15-بەت

ۋولكسۋاگېن شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى
47-بەت

ISTIQLAL

# باش مۇھەررىر


ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.




# ISTIQLAL

**باش مۇھەررىر**

ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**خەۋەر تەييارلىغۇچى**

ئابدۇخەبەر رەجەپ

**تەھرىر**

ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**

ئا. ئوغۇز

**كارىكاتۇر**

رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**

Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL



بەت 3





بەت 47



بەت 13



بەت 17



بەت 19

1 خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق شىركەتلىرىدىن بىرى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى

3 خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەسچىتكە ھاقارەت قىلىشى غۇلغۇلا قوزغىدى

5 خىتاي ئۇيغۇر تارىخىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن ئاچقان مۇزېيغا خەلقئارالىق مۇكاپات بېرىلىشى تەنقىدكە ئۇچرىدى

7 خىتايغا سادىق قورچاق ئەمەلدار ساختا تەشۋىقات ئۈچۈنمۇ قوللىنىلماقتا

11 شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ھەر ساھەدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلماقتا

13 كانادا بىخەتەرلىك خەۋپى سەۋەبىدىن Tiktok نى چەكلىدى

15 خىتاي يەنە بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى

17 ئىككىنچى قېتىملىق خەلقئارا ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

19 خەلقئارا پارلامېنتلار ئىتتىپاقى تايلاندتىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ب د ت غا چاقىرىق قىلدى

21 ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈننى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

25 خىتاينىڭ قۇرئان كەرىمنى قايتا تەپسىر قىلىشى تالاش-تارتىش قوزغىدى

29 خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى تېررور سىياسىتىنى كۈچەيتمەكتە

31 بېسىم ۋە جازالارغا قارىماي شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقى سودىسى داۋاملىق ئاشقان

33 خەلقئارا ئاممىۋى تەشكىلاتلار يەرمەنكىسىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تونۇشتۇرۇلدى

35 خىتاينىڭ زور بىر تۈركۈم شىركەتلىرى مەجبۇرىي ئەمگەك جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى

37 خىتاي ئۈرۈمچىدە ئىشغالىيەت تارىخىنى بۇرمىلايدىغان مەخسۇس يىغىن ئۆتكۈزدى

41 ترامپ: خىتاينىڭ بارلىق مەھسۇلاتلىرىدىن 10% قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالىمەن

43 ئامېرىكا Temu نىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى

45 خىتاي مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە

47 ۋولكسۋاگېن شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى





# خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق شىركەتلىرىدىن بىرى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى

**ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق ۋە كىيىم-كېچەك شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولغان يىدا گۇرۇھىنى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق بولۇش بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى چەكلىدى.**

ۋال كوچىسى گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 31-ئۆكتەبىر خوڭكوڭغا جايلاشقان يىدا گۇرۇھىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئالاقىدار گۇاڭدۇڭ يىدا توقۇمىچىلىق سانائىتى، تۇرپان يىدا توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە سانجى يىدا توقۇمىچىلىق سانائىتىنى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى دائىرىسىدىكى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە سانجى يىدا توقۇمىچىلىق سانائىتى بۇندىن ئىلگىرىلا جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنىدى.

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق ۋە كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىش شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولغان يىدا گۇرۇھى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق بولۇش بىلەن ئىزچىل



ئەيىبلىنىپ كەلگەن. يىدا گۇرۇھى يەنە نايىك، Tommy Hilfiger قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ بۇرۇنقى تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ، ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق بولۇش سەۋەبلىك، نايىك قاتارلىق شىركەتلەر يىدا گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىشتىن ۋاز كەچكەن.

سانجى يىدا توقۇمىچىلىق شىركىتى 2020-يىلىدىلا ئامېرىكىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، قايتىدىن مەزكۇر قانۇن دائىرىسىدىكى جازا تىزىملىكىگە قوشۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا يىدا گۇرۇھى باياناتى ئېلان قىلىپ، بۇ ئەيىبلەشنى رەت قىلغاندى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئەمەسلىكىنى، خەلقئارا ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغاندى.

خىتاي باش مىنىستىرى لى چياڭ بۇ يىل ماي ئېيىدا تۇيۇقسىز شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندىمۇ، ئاتايىن سانجى يىدا توقۇمىچىلىق شىركىتىنى زىيارەت قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەندى.



# خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەسچىتكە ھاقارەت قىلىشى غۇلغۇلا قوزغىدى







**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان دىنىي باستۇرۇشلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئون مىڭلىغان مەسچىت ۋەيران قىلىنغانىدى. ئالدىنقى كۈنلەردە بىر نەچچە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا جايلاشقان مەلۇم مەسچىتتىكى ھاقارەتلىك قىلمىشلىرى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى.**

لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت ئالدىنقى كۈنى ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا بىر سىن ھەمبەھىرلىگەن بولۇپ، بىر نەچچە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر مەسچىتتە ئىسلام دىنىغا ھاقارەت قىلغان كۆرۈنۈشلىرى كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر سىندا قىسقا، ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىۋالغان ئىككى خىتاي ئايالنىڭ كەچ ۋاقىتتا مەلۇم بىر ئۇيغۇر مەسچىتكە ئاياغلىرى




بىلەنلا كىرگەنلىكى، بىرسىنىڭ مېھرابتا ئولتۇرۇۋالغانلىقى، ئىككىسى كۆلۈشكىنىچە مەسخىرە تەرىقىسىدە قىسقا دراما ئورۇنلىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

مەزكۇر مەسچىتنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى ئوچۇق، يەرگە گىلەم ۋە جايناماز سېلىنغان، ئەمما خىتايلاردىن باشقا كىشى يوق بولۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ، مۇخبىرلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان ساناقلىق مەسچىتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىكەن.

بۇ قىسقا سىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىغان بولۇپ، ھەرقايسى ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدا، ئوخشىمىغان تىللاردا كۆپلەپ تارقىتىلدى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەچچە يۈز مىڭ قېتىم كۆرۈلدى.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسلامغا قارشى تېررور سىياسىتى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرىقىدە ئىجرا قىلىنىۋاتقان بولۇپ، نوپۇزلۇق دوكلاتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا 16 مىڭغا يېقىن مەسچىت چېقىۋېتىلدى ياكى بۇزۇۋېتىلدى. بىر قىسىم مەسچىتلەر ساياھەت ئورنى، چايخانا، مەيخانا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇندىن ئىلگىرى تارقالغان چەكلىك سىنلاردىمۇ خىتايلارنىڭ مەسچىتتە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقى، بەزى مەسچىتلەرنىڭ توخۇ باقىدىغان جايلارغا ئايلاندۇرۇلغانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى. ئەمما خىتاي ھازىرغا قەدەر بۇ جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلماقتا ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن پەردازلىماقتا.

# خىتاي ئۇيغۇر تارىخىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن ئاچقان مۇزېيغا خەلقئارالىق مۇكاپات بېرىلىشى تەنقىدكە ئۇچرىدى




**خىتاي «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن ئۆزگە تەۋە ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى»دەك سەپسەتىلىرىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن قۇرۇپ چىققان مۇزېيغا خەلقئارالىق مۇكاپات بېرىلىشى تەنقىدكە ئۇچرىماقتا.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ يىللىق مىيۇس (MUSE) لايىھە ئالتۇن مۇكاپاتى خىتاي بۇ يىل ئىيۇل ئېيىدا ئاچقان كۇچا يەر ئاستى قەدىمىي قەبرىستانلىقى مۇزېيىغا بېرىلگەن. مەزكۇر مۇكاپاتنى ئامېرىكا مۇزېيلار ئىتتىپاقى ۋە خەلقئارالىق مۇكاپاتلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە تارقىتىدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەزكۇر مۇزېيغا 1700 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي قەبرىستانلىقنى نامايەن قىلغانلىقى ۋە قەدىمىي تارىخ بىلەن زامانىۋى لايىھەنى بىرلەشتۈرگەنلىكى





سەۋەبلىك مۇكاپات بېرىلگەنلىكى دەۋا قىلىنغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئەڭ قاتتىق تەنقىد قىلىۋاتقان بىر شارائىتتا، ئامېرىكىدىكى خەلقئارالىق مۇكاپات ئورگىنىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى بۇرمىلاش، يوقىتىش جىنايەتلىرىگە ماسلاشقان بۇ ھەرىكىتى تەنقىدكە ئۇچرىدى.

خىتاي بۇ يىل ئوتتۇرىدا كۇچا يەر ئاستى قەدىمىي قەبرىستانلىقى مۇزېيىنى ئېچىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاشنى مەقسەت قىلغان. خىتاي قەدىمىي قەبرىنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى ئىلمىيلىككە زىت ھالدا بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن بولۇپ، مەزكۇر قەبرىستانلىقنىڭ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىختىن بېرى خىتاينىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن باغلانغان، ئۆز ئارا يۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت ئىكەنلىكى، تارىختا شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى رايونلاردا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەمەس، بەلكى خىتايدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ياشىغانلىقى»دەك نومۇسسىزلارچە سەپسەتىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلغاندى.

خىتاي يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا كۆپلىگەن مۇزېيلارنى ۋە تەتقىقات ئورگانلىرىنى تەسىس قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى يوشۇرۇش، ئۇيغۇر تارىخىنى بۇرمىلاش، ئۆچۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقتا. نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەسچىتلەر، مەدرىسە-خانىقالار، مەقبەرىلەر، مازارلىقلار خىتاي تەرىپىدىن يوقىتىلماقتا، ۋەيران قىلىنماقتا.

# خىتايغا سادىق قورچاق ئەمەلدار ساختا تەشۋىقات ئۈچۈنمۇ قوللىنىلماقتا





**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدە، خەلق ئىچىدىكى خىتايغا سېتىلغان، سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۈنۈملۈك ئىشقا سېلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ساختا تەشۋىقاتنى ئۈچۈنمۇ قوللانماقتا.**

شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن خىتايغا ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىگەن، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە بۇ سەۋەبلىك ئالاھىدە مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن قورچاق ئەمەلدار مەمەتجان ئۆمەر باش تېما قىلىنغان بىر دراما خىتاي تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، ئۈرۈمچىدە قويۇلۇشقا باشلىغان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ قولچومىقى مەمەتجان ئۆمەرنىڭ

ئىش-ئىزلىرىغا ئاساسەن تەييارلانغان «مېنىڭ بۇلۇقايىم» ناملىق دراما 2-نويابىر ئۈرۈمچىدىكى «سەنئەت تىياتىرخانىسى»دا تۇنجى قېتىم قويۇلغان.

خەۋەردە ئۇنىڭ غۇلجا ناھىيەسى ئونيار يېزىسى بۇلۇقاي كەنتىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى بولۇش ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن دوست دېمەستىن، پارىخورلۇققا قارشى تۇرغانلىقى، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلغانلىقى، ئاممىغا يار-يۆلەك بولغانلىقى دەۋا قىلىنغان. ھالبۇكى، مەمەتجان ئۆمەرنىڭ خىتايىنى ئەڭ رازى قىلغان خىزمىتى بولسا 1997-يىلى 5-فېۋرالدا يۈز بەرگەن غۇلجا قەتلىئامىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

مەمەتجان ئۆمەر بۇرۇن غۇلجا ناھىيەسى ئونيار يېزىسى بۇلۇقاي كەنتىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ جەرياندا خىتايغا جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلغان ۋە خىتاينىڭ ئاتالمىش «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» نامىدىكى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان، بولۇپمۇ 5-فېۋرال قەتلىئامىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن.

مەمەتجان ئۆمەر 1996-يىلىنىڭ بېشىدا يېزىدىكى بىر قىسىم ياشلارنىڭ دائىم يىغىلىش قىلىۋاتقانلىقىنى، يىغىلىشتا تەشكىللىگۈچىنىڭ باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىغان ۋە ئۇلارنى «مەشرەپ باھانىسىدا دىنىي






تەلىم-تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك سۆزلىرىنى تارقاتقان» دەپ خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلىرىغا چېقىپ قويغان. 1997-يىلى 26-ئىيۇن كەچتە مەمەتجان ئۆمەر كەنت قورۇسى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ھويلىلىرىغا نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈش ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋاراقچىسى تاشلانغانلىقىنى بايقىغان ۋە دەرھال يېزا كادىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى باشقىلار كۆرۈپ بولغۇچە يىغىۋالغان. بۇ سەۋەبلىك، غۇلجىدىكى 5-فېۋرال ھەرىكىتىگە بۇلۇقاي كەنتىدىن ھېچكىم قاتنىشالمىغان.

ئۇ باشتىن-ئاخىر خىتايغا سادىق بولۇشى نەتىجىسىدە، «2015-يىلىدىكى خىتايىنى تەسىرلەندۈرگەن شەخسلەر»نىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. 2021-يىلى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ




ئوردېنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىكى ھېسابلىنىدىغان، پەقەت ختاي كومپارتىيەسىگە ئالاھىدە سادىق كىشىلەرگىلا بېرىلىدىغان «1-ئىيۇل ئوردېنى»غا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى» دەپ سۈپەتلەنگەن 2022-يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ختاينىڭ مەشئەل يەتكۈزگۈچىلىرىدىن بىرى بولۇپ تاللانغان.

ختاينىڭ ساختا ھېكايىلەر، توقۇلما ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنۇش ھەرىكەتلىرى ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلانغان بولۇپ، كىنو-فىلىم، دراما، ئېيتۇت ۋە تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق، ختاينى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى، غەمگۈزارى قىلىپ تەسۋىرلەپ، تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە.






# شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ھەر ساھەدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلماقتا

**تۈركىيەدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلار تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.**

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنهاجى 1-نويابىر مالايشىيادا ئامانا نېگارا پارتىيەسى ياشلار شۆبىسىنىڭ رەئىسى ۋە كېڭەش پالاتا ئەزاسى ھاسبى مۇدا بىلەن كۆرۈشتى. ئىككى تەرەپ مالايشىيا ۋە خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە ئىجرا قىلىدىغان ئورتاق پىلان تۈرلىرى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئاياللار ۋە ئائىلە خىزمىتى رەئىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم باشچىلىقىدىكى ھەيئەت تەكلىپكە بىنائەن،






3-نويابىر ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆچمەنلەر ۋە ئاياللار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. تۈركىيە ئائىلە مىنىستىرلىقى، ئىستانبۇل كۆچمەنلەر ئىدارىسى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ ۋەكىللىرى، ئادۋوكاتلار، قانۇنشۇناسلار، ژۇرنالىستلار ۋە تەشكىلات ۋەكىللىرى قاتناشقان مەزكۇر يىغىندا مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرغاندىن سىرت، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى ۋە ھەل قىلىش تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇندىن باشقا، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسل ھەرىكىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەردان ئۇيغۇر ۋە تۈرك دۇنياسىنىڭ ياش ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت 1-نويابىر تۈركىيەدىكى مۇھىم ئورگانلارنىڭ بىرى بولغان تۈركسوي تەشكىلاتىنى (TÜRKSOY) زىيارەت قىلدى.

زىيارەتچىلەرنى تۈركسوينىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى سەيد يۈسۈپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. سۆھبەت جەريانىدا مەردان ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. سەيد يۈسۈپ ئەپەندى تۈركىيە دۇنياسىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ بىر تەشكىلات سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ھەرۋاقىت قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.




# كانادا بخەتەرلىك خەۋپى سەۋەبدىن TikTok نى چەكلىدى




**كانادا هۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىسى TikTok نى بخەتەرلىك خەۋپى سەۋەبدىن چەكلىدى.**

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 6-نويابىر كانادا يېڭىلىق، پەن ۋە خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، سانائەت مىنىستىرى فرانسوئىس




فىلىپپې چامپاگنې بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، مەزكۇر ئەپ دېتاللىنىڭ كانادادا ئۆچۈن بىخەتەرلىك خەۋپى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبلىك TikTok نىڭ كانادادىكى سودا پائالىيەتلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى جاكارلىغان ھەمدە TikTok سۇپىسىنىڭ تورونتو ۋە ۋانكوۋېردىكى شىركەت ئىشخانىلىرىنىڭ تاقىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كانادا پۇقرالىرى TikTok ئەپ دېتالىنى داۋاملىق ئىشلىتەلەيدىكەن، ئەمما TikTok شىركىتىنىڭ كانادادىكى تارمىقى تارقىتىلىدىغان بولۇپ، سودا پائالىيەتلىرىگە يول قويۇلمايدىكەن.

TikTok ئەپ دېتالىنىڭ خىتايغا شەخسىي ئۇچۇرلارنى تەمىنلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەيىبلەشلەر ۋە ئەندىشىلەر سەۋەبلىك، ھازىرغا قەدەر ئامېرىكا، تۈركىيە، ھىندىستان، پاكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردە TikTok ئەپ دېتالى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن چەكلەنگەن. خىتاي ۋە TikTok نىڭ باش شىركىتى بولسا بۇ ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپ كەلمەكتە.

ھالبۇكى، TikTok ئەپ دېتالى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئالاقىدار مەزمۇنلارنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئالدىنقى ئايدا ئۇيغۇر قىز نەفىسە ئوغۇزنىڭ تۈركىيەدىكى خىتايپەرەس سىياسەتچى دوغۇ پېرىنچەككە كۆچلۈك رەددىيە بېرىپ، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلغان ۋىدىيوسى TikTok سۇپىسىدىن ئۆچۈرۈلگەندى.

# خىتاي يەنە بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى



**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىجرا قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ سانىنىمۇ بارغانسېرى ئازايتىۋاتقان بولۇپ، يەنە ئىككى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدار ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان.**

خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 14-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى»نىڭ 15-نۆۋەتلىك يىغىنىدا بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئالماشتۇرۇلغان.

خەۋەردە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەردان مۇقىيت ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 14-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى»نىڭ باش كاتىپى مۇتەللىپ روزىنىڭ ئىستىپانامىسى قوبۇل قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنغان. مەردان مۇقىيتنىڭ ئورنىغا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى»نىڭ نازىرى پەن شى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن. خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەردان مۇقىيت نۆۋەتتە خىتاي يېزا ئىگىلىكى-



يېزا مىنىستىرلىقىنىڭ پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن.

ئۇندىن باشقا، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى»نىڭ نازىرى، پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى زۇلھايات ئىسمايىلمۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇمۇ ختايغا يۆتكىلىپ، جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ نازارەت رەھبىرى بولغان.

بۇلاردىن سىرت، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش نازارىتى»نىڭ نازىرى يېربول زىقانمۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنغان.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ بۇرۇنقى قورچاق رەئىسى نۇر بەكرىمۇ ئەينى ۋاقىتتا رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، ختايغا يۆتكىلىپ، ختاي ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ سېكرېتارى، ئىدارە باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەندى ۋە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن «ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش» باھانىسى بىلەن قولغا ئېلىنغانىدى.

ختاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىن بىر قىسىم قورچاق ئەمەلدارلارنى تالاپ مەلۇم ۋەزىپىلەرگە قويۇپ كەلگەن بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى تازىلاشقا، سانىنى ئازايتىشقا باشلىغان. بۇ قېتىملىق يىغىندا يەنە ئىككى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان بىر ختاي ئەمەلدارنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلىنىشى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

# ئىككىنچى قېتىملىق خەلقئارا ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى




**7-نويابىر ئىستانبۇلغا جايلاشقان ساباھاتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككىنچى قېتىملىق خەلقئارا ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.**

يىغىنغا ئۇيغۇر تېبابىتى، دورىگەرلىكى ساھەسىدىكى شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن باشلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات ۋەقفى رەئىسى پروفېسسور مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر تېبابىتى خىتاينىڭ ۋەيران قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان بىر شارائىتتا بۇ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى، يىغىننىڭ مەقسەتلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا، ساباھاتتىن زائىم




ئۇنىۋېرسىتېتى بۆلۈم مۇدىرى قاتارلىق زاتلار سۆز قىلدى.

بۇ قېتىملىق يىغىنغا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، ھىندىستان، پاكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، بېنگال قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتتىن يىغىنغا قاتنىشالمىغان مۇتەخەسسىسلەر تەبرىكنامە يوللاپ، خەلقئارا ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان تۈرك مېھمانلارمۇ سۆز قىلىپ، تۈركىيەنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەتكە، خۇسۇسەن ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ يىغىننىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. يىغىندا ئۇستازلار تەييارلىغان ئون نەچچە ماقالە مۇھاكىمە قىلىندى ۋە بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەر ۋە مېھمانلارغا تەقدىرنامە تارقىتىلدى.

تۇنجى قېتىملىق خەلقئارا ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2019-يىلى 29-دېكابىر ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. نۆۋەتتە خىتاي ئۇيغۇر تېبابىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە رېتسېپلارنى ئوغرىلاپ، مەنپەئەتكە ئېرىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تېبابىتى مۇتەخەسسىسلىرى بۇ مۇھىم تارىخىي مىراسلىرىنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.






# خەلقئارا پارلامېنتلار ئىتتىپاقى تايلاندتىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ب د ت غا چاقىرىق قىلدى

**نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى 8-نويابىر تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 48 ئۇيغۇر ھەققىدە تەپسىلىي خەۋەر ئېلان قىلغان بولۇپ، خەلقئارا پارلامېنتلار ئىتتىپاقى بۇ خەۋەرگە ئاساسەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى مەزكۇر ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇشقا چاقىردى.**

ختايغا قارشى خەلقئارالىق تەشكىلات - خەلقئارا پارلامېنتلار ئىتتىپاقى 10-نويابىر نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ مەخسۇس خەۋىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن ئاساستا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۆچمەنلەر ئىشلىرى ئالىي كومىسسارى فىلىپپو گىراندىغا ئوچۇق خەت يېزىپ، تايلاند تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە قول تىقىشقا چاقىردى.




ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ (HRW) ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2014-يىلىدىن باشلاپ تايلاندتا تەخمىنەن 350 ئۇيغۇر تۇتۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 172 ئايال ۋە بالا 2015-يىلى 7-ئايدا تۈركىيەگە يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 109 ئەر كىشى خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن خىتايغا قايتۇرۇلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغان. ھازىر تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 50 كە يېقىن ئۇيغۇر ناچار تۈرمە شارائىتىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇلتۇر ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىز، مەتتوختى مەتقۇربان ئىسىملىك ئىككى ئۇيغۇرنىڭ تۈرمىدە قازا قىلغانلىقى مەلۇم بولغانىدى.



ئوچۇق خەتتە تايلاند تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناچار شارائىتتا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئادۋوكاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشالمايدىغانلىقى، ئىنسانىي ھوقۇقلىرى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ئەندىشە قوزغايدىغانلىقى، ئەگەر ئۇلار خىتايغا قايتۇرۇلۇپ قالسا، خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدىغانلىقى، شۇڭا ب د ت بۇ مەسىلىگە قول تىقىپ، يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەكلىكى قەيت قىلىنغان. مەزكۇر خەتكە خەلقئارا پارلامېنتلار ئىتتىپاقىنىڭ 26 دۆلەتتىكى 50 كە يېقىن پارلامېنت ئەزاسى ئىمزا قويغان.

# ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى



**1933-يىلى ۋە 1944-يىلى 12-نويابىر شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ئىككى قېتىملىق مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش مۇراسىمى 12-نويابىر ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىدىكى كازلىچەشمە كۈلتۈر مەركىزى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.**

پائالىيەتنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان كۆپ ساندا ئۇيغۇرلار قاتناشتى. پائالىيەت ئالدى بىلەن ھەببۇللاھ قارىمنىڭ قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. تۈركىيە دۆلەت مارشى ۋە شەرقىي تۈركىستان دۆلەت مارشى قويۇلغاندىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى




رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆزى قىلدى.

ئۇ سۆزىدە ھەر يىلى ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش كۈنىنى خاتىرىلەشتىكى مەقسەتنىڭ ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇپ چىققان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغان رەھبەرلەر، مۇجاھىدلارنىڭ روھىنى ئۈلگە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈش روھىنى تىكلەش ئىكەنلىكىنى، مۇھاجىرەتتىكى ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى جۇمھۇرىيەت كۈنى ئۈچۈن تەييارلىغان قىسقا فىلىم قويۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا، سابىق پارلامېنت ئەزاسى پروفېسسور دوكتور جەلال ئەرباي، شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى ئەلى سالىھ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد، بايدىللى تۈركمەن جەمئىيىتى رەئىسى ئەھمەد ئاغجا قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

بۇ جەرياندا زەيتىنبۇرنۇ رايونلۇق شەھەر باشلىقى ئۆمەر ئارسوي










پائالىيەتكە قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە بۇنداق مۇھىم پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدا بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى.

ئارقىدىن قازاق تۈركلىرى ۋەقفى رەئىسى جالال قەھرىمان، دۇنيا تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى بۇرھان كاۋۇنجۇ قاتارلىقلارمۇ سۆز قىلدى.

پائالىيەتتە شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسل ھەرىكىتىدىكى ياشلار تەييارلىغان «2-قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئېلانى» ھەققىدىكى ئىككى پەردىلىك دراما ئىنتايىن جانلىق ھالەتتە ئورۇنلىنىپ، سورۇن ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. پائالىيەتتە يەنە بىر قىسىم ياش-ئۆسمۈرلەر ئىمان، ۋەتەن، مىللەت كۈيلەنگەن شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

مەخسۇس تېما بويىچە سۆز قىلغۇچىلاردىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور



ئالىمجان بۇغدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرى» تېمىسىدا توختىلىپ، ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىبرەتلىك ۋەقەلەر، پاجىئەلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ پېشقەدەم ئالىملىرىدىن ئاتاۋۇللاھ خەلپەت ھاجىم «ئىسلام نۇقتىسىدىن شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» تېمىسىدا سۆز قىلدى.

كېيىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەتقىقات مەركىزى مۇدىرى مۇھەممەد يۈسۈپ قارىھاجىم «جەننەتنىڭ يولى ۋەتەندىن ئۆتىدۇ» تېمىسىدا سۆز قىلغاندىن كېيىن، ئۇستاز ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ دۇئاسى بىلەن پائالىيەت غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

بۇ يىلمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى جۇمھۇرىيەت كۈننى تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن خاتىرلىدى.






# خىتاينىڭ قۇرئان كەرىمنى قايتا تەپسىر قىلىشى تالاش-تارتىش قوزغىدى

**خىتاينىڭ قۇرئان كەرىمنى قايتا تەپسىر قىلىشى تالاش-تارتىش قوزغىغان بولۇپ، كۆزەتكۈچىلەر بۇ ھەرىكەتنىڭ خىتاينىڭ ئىسلامنى خىتايچىلاشتۇرۇش ئارقىلىق دىنىي قائىدىلەرگە ئارىلىشىشىنى كۈچەيتىشىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، نىڭشىيا تۇڭگان ئاپتونوم رايونى دائىرىلىرى قۇرئاننىڭ كونا نۇسخىسىنى مۇسادىرە قىلىپ، «تۈزىتىلگەن نۇسخىسى»نى تارقىتىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى خىتاي ئىسلام جەمئىيىتى «قۇرئان ئۆزۈندىلىرى ۋە ئىزاھاتلىرى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

29-ئۆكتەبىر خىتاي ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىنغا خىتاي مەركىزى كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن



مىنىستىرى، خىتاي دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چېن رۈيفېڭ رىياسەتچىلىك قىلغان بولۇپ، ئۇ سۆزىدە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنىنى خىتاي جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغان ۋە «قۇرئان ئۈزۈندىلىرى ۋە ئىزاھلىرى» ناملىق كىتابنىڭ خىتايچە نۇسخىسىنىڭ تارقىتىلىشى ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر قەدەم ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىي تەلىم-تەربىيەسى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق،



ئىسلام دىنىنى خىتاي جەمئىيىتى مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە قانۇن سىستېمىسىغا تېخىمۇ سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بىلجىرلىغان.

مەزكۇر يىغىندا ئاتالمىش «قۇرئان ئۇزۇندىلىرى ۋە ئىزاھاتلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتلىرىدا بېكىتىلگەن ئوقۇتۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغانلىقى، شۇ ئارقىلىق دىنىي تەربىيەنى قېلىپلاشتۇرىدىغانلىقى ۋە ئىسلام دىنىنى زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

خىتاي ئىسلام جەمئىيىتى بۇ كىتابنىڭ ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم مۇۋەپپەقىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇ خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنى دىنىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەپ، ئىسلام دىنى ھەققىدە يەرلىك تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى، مۇسۇلمان ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئىزاھلار ئارقىلىق دىنىي كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپ، مائارىپ يېتەكچىلىكى ۋە دىنىي تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان. چەت ئەللەردە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئۆلىمالار ۋە ئوبزورچىلار بولسا خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتىنى خىتاي رېجىمىنىڭ «ئىسلامنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ۋە تەبىرىنى خىتاي جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش» نامىدىكى ئىسلام





قائىدە-پرىنسىپلىرىنى بۇرملاشقا ئۇرۇنۇش قىلمىشى، دەپ قارىغان.

شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش»، «دىنىنى سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش» دېگەندەك سەپسەتىلەر بىلەن ئىسلام دىنىغا قارشى تېررور سىياسىتىنى تېز سۈرئەتتە ئىجرا قىلماقتا.

خىتاينىڭ ئىسلام دۈشمەنلىكى پىلانىغا ئاساسەن، ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىت چېقىۋېتىلدى ياكى بۇزۇۋېتىلدى. ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلدى،خەلق ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاندى. نۆۋەتتە خىتايدا ياشاۋاتقان تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان دىنىي باستۇرۇشلارمۇ كۈچەيتىلمەكتە.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي ھەرخىل ناملار بىلەن چەت ئەل ئۆمەكلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ساختا سەھنە، مەيدانلارنى كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ پۈتۈنلەي قوغدالغانلىقى، دىنىي ئەركىنلىكنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە جار سالماقتا.





# خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى تېررور سىياسىتىنى كۈچەيتمەكتە



**خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ئاتالمىش «زامانىۋى مەدەنىيلىك تەربىيەسى» نامىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە، مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش، كۈچەيتىش ھەققىدە مەخسۇس يىغىن ئاچتى.**

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاتالمىش «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش» 12-نويابىر مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئاتالمىش «زامانىۋى مەدەنىيلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، جۇڭخۇا مىللىتى ئېڭىنى كۈچەيتىش» قاتارلىقلارنى تەكىتلىگەن.

يىغىندا خىتاينىڭ تېررور سىياسەتلىرىدىن بولغان خىتاي تىل-يېزىقىنى كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇش، سىياسىي تەربىيەنى كۈچەيتىش، شى جىنپىڭ ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىتىش، قەلبتىن ئېتىراپ قىلدۇرۇش، ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش»نى قانات يايدۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىلىشىش، يۇغۇرۇلۇشىنى تەشۋىق



قىلىش قاتارلىق تەكىتلەنگەن. خىتاي تېررور سىياسەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش دەپ پەردازلىغان.

يىغىندا خىتاي بۇ سىياسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئىنقىلابىي مۇزېي، خاتىرە سارىيى، پارتىيە تارىخى سارىيى قاتارلىق ساختا تەشۋىقات ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلدۇرۇش، لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى پائالىيىتى تەشكىللەش، ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيەۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، خىتاي ئاققۇنلىرىنى داۋاملىق يۆتكەپ كېلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خىتاي سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ خۇنىڭ ئالدىنقى ئايدا تۇيۇقسىز شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلغانىدى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى داۋاملىق قاتتىق ئىجرا قىلىشقا ئىشارەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ زىيارىتىدىن كېيىنلا، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى» قەشقەر ۋىلايىتىدە يىغىن ئېچىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئۈزلۈكسىز يۇختىلاش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنىدى. ئارقىدىنما شىگرۇيمۇ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ساقچىخانا ۋە مەسچىتلەرنى زىيارەت قىلغانىدى. خىتاينىڭ بۇ قېتىملىق يىغىندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنى نۇقتىلىق تەكىتلىشى دىققەت قوزغىماقتا.

# بېسىم ۋە جازالارغا قارىماي شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقى سودىسى داۋاملىق ئاشقان




**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سەۋەبلىك، خەلقئارانىڭ بېسىمى ۋە بىر قىسىم جازالارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى يەنىلا يۇقىرى ھالەتنى ساقلىغان.**

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 362 مىليارد 790 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28% ئاشقان. خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، خىتاي بويىچە 1-ئورۇندا تۇرغانلىقى، داۋاملىق تۆردە تارىختىكى ئوخشاش مەزگىلدىكى ئېگىز يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغانلىقى، 2023-يىلدىكى پۈتۈن يىللىق سەۋىيەدىن مۇددەتتىن ئىلگىرى

ئــاي بــۇرۇن ئېشــىپ كەتكەنلىكــى دەۋا قىلىنغــان.

خىتــاي خەۋەرلىرىدىــن مەلــۇم بولۇشــىچە، ئالدىنقــى 10 ئايدا شــەرقىي تۈركىســتاننىڭ ئېكســپورت قىممىتــى 308 مىليــارد 290 مىليــون يــۈەن بولــۇپ، بۇلتۇرقــى ئوخشــاش مەزگىلدىكىدىــن 28.9% ئاشــقان. ئىمپــورت قىممىتــى 54 مىليــارد 500 مىليــون يــۈەن بولــۇپ، بۇلتۇرقــى ئوخشــاش مەزگىلدىكىدىــن 23% ئاشــقان.

مەلــۇم بولۇشــىچە، ئامېرىــكا ھۆكۈمىتــى 2022-يىلــى 6-ئايــدا «ئۇيغــۇر مەجبۇرىــي ئەمگىكىنــى چەكلــەش قانۇنــى» رەســمىي ئىجــرا قىلىشــقا باشــلىغاندىن بۇيــان، ئامېرىــكا تاموژنىســىدا جەمئىــي 3 مىليــارد 560 مىليــون دوللارلىــق ئىمپــورت مــال تۇتــۇپ قالغــان. مەزكــۇر قانۇنغــا ئاساســەن، شــەرقىي تۈركىستاندا ئىشــلەپچىقىرىلغان مەھســۇلاتلارنىڭ ھەممىســى مەجبۇرىــي ئەمگەككــە چېتىلغــان دەپ قارىلىــپ، ئىمپــورت قىلىنىشــى چەكلەنگەنــدى. ئامېرىــكا ھۆكۈمىتــى يەنــە كانــادا ۋە ياۋروپــا ئىتتىپاقىنــى ئۇيغــۇر مەجبۇرىــي ئەمگىكىنــى چەكلــەش مەسىلىســىدە، ئامېرىــكا ھۆكۈمىتــى بىلــەن مــاس قەدەمــدە مېڭىشــقا چاقىرىــپ كەلمەكتە.

ھالبۇكــى، يەنــىلا مۇتلــەق كــۆپ قىســىم دۆلەتلــەر خىتــاي بىلــەن ســودا مۇناســىۋىتىنى داۋاملاشــتۇرۇۋاتقان بولــۇپ، بــۇ ســەۋەبلىك شــەرقىي تۈركىســتاندىن چىققــان مەجبۇرىــي ئەمگــەك مەھســۇلاتلىرى داۋاملىــق ئاســىيا، ياۋروپــا، ئافرىقــا ئەللىرىگــە توسالغۇســىز يوللىنىــپ تۇرغــان. جۈملىدىــن، بــۇ يىــل 8-ئايغىچــە بولغــان ۋاقــت ئىچىــدە شــەرقىي تۈركىســتاننىڭ قورغــاس، ئالاتــاۋ تۆمۈريــول چېگــرا ئېغىــزى ئارقىلىــق قاتنىغــان خىتــاي-ياۋروپــا (ئوتتــۇرا ئاســىيا) نۆۋەتچى پويىزى 10 مــىڭ قېتىمــدا ئېشــىپ كەتكــەن. پەقــەت ئالاتــاۋ تۆمۈريــول چېگــرا ئېغىــزى ئارقىلىــق قاتنايدىغــان خىتــاي-ياۋروپــا نۆۋەتچــى پويىــزى لىنىيەســىلا 120 گــە يەتكــەن بولــۇپ، قازاقىســتان، ئۆزبېكىســتان، ئەنگلىيــە قاتارلىــق 21 دۆلەتكــە تۇتاشــتۇرۇلغان.



# خەلقئارا ئاممىۋى تەشكىلاتلار يەرمەنكىسىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تونۇشتۇرۇلدى




**ئىسلام دۇنياسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە تۈركىيە پىدائىي تەشكىلاتلار ۋەقفى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان 4-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئاممىۋى تەشكىلاتلار يەرمەنكىسى 21-نويابىر ئاتاتۈرك ئايرودۇرۇمىدا باشلاندى.**

يەرمەنكىگە 60 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن 400 دىن ئارتۇق تەشكىلات ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، ئېچىلىش مۇراسىمىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان فىلىم كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئىستانبۇل ۋالىيسى داۋۇت گۈل ۋە باشقا بىر قىسىم مەسئۇللار، رەھبەرلەر ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن،




«ئىسلام دۇنياسى ۋە شەرقىي تۈركىستان» تېمىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى ئابدۇرېشىد ئەمنھاجى رىياسەتچىلىك قىلغان يىغىندا، ئىستانبۇل ساباھاتتىن زايىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، تۈركىيەدە تونۇلغان يازغۇچى پروفېسسور دوكتور يۈسۈپ قاپلان ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى ھەققىدە سۆز قىلدى.

سۆز قىلغۇچىلار يەرمەنكىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختىلىپ، خەلقئارالىق سىستېما پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بۈگۈنكى دەۋردە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئەسكەرتتى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە غەززەدىكى ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىققا قارشى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا چاقىردى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى يەرمەنكىدە مەخسۇس ئورۇن ئېلىپ، زىيارەتچىلەرگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، مېھمانلار ۋە ژۇرنالىستلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى، ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ھەقتىكى ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

# خىتاينىڭ زور بىر تۈركۈم شىركەتلىرى مەجبۇرىي ئەمگەك جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى




**ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 22-نويابىر يەنە 29 خىتاي شىركىتىنى مەجبۇرىي ئەمگەك تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق شىركەتلەر قارا تىزىملىكىنىڭ ئەڭ زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىشى ھېسابلىنىدىكەن.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ھازىرغا قەدەر جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن خىتاي شىركەتلىرى 100 دىن ئاشقان بولۇپ، يېڭىدىن قوشۇلغان 29 خىتاي شىركىتىگە قارىتىلغان ئىمپورت چەكلىمىسى 25-نويابىردىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىكەن. مەزكۇر شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا



كىرىشى چەكلىنىدىكەن. بۇ بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى ئىچىدە ئالاقىدار قانۇننى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ۋال كوچىسى گېزىتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، يېڭىدىن جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن خىتاي شىركەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك شىركەتلەر بولۇپ، ئالىيۇمىن، لىتىي ۋە باشقا مېتاللارنى قېزىش، تاۋلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك شىركەتلەرمۇ بار ئىكەن.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرى ئالېخاندرو مايوركاس بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بەزى ئورگانلارنىڭ ئىنساني ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىكى مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش بىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز، ئەمما بۇ ھېچقاچان ھازىرقىدەك قاتتىق بولۇپ باقمىغان» دېگەن.


ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» 2022-يىلى 6-ئايدا رەسمىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ بۇ يىل 1-نويابىرغىچە تەخمىنەن 36.6 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئىمپورت مال ئامېرىكا تاموژنىسىدا تۇتۇپ قېلىنغان ياكى قىسقا مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇلغان.

# خىتاي ئۈرۈمچىدە ئىشغالىيەت تارىخىنى بۇرمىلايدىغان مەخسۇس يىغىن ئۆتكۈزدى



**خىتاي يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىجرا قىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس قەدەمدە، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى، ئۇيغۇر تارىخىنى بۇرمىلاش جىنايىتىنىمۇ ئىزچىل، كۈچەپ داۋاملاشتۇرماقتا. بۇنىڭ جۈملىسىدىن ئالدىنقى ھەپتە ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش «خىتاينىڭ تارىختىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىنى ئىدارە قىلىشى» تېمىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن.**

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 23-نويابىر ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى: خىتاينىڭ تارىختىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىنى ئىدارە قىلىشى» تېمىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ما شىڭرۇي، ئەركىن تۇنىياز قاتارلىق خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە قورچاق ئەمەلدارلار، شۇنداقلا خىتاي ۋە چەت ئەلدىن




كەلگەن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار قاتناشقان.

مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى»، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ما شىڭرۇي يىغىندا خىتاينىڭ سەپسەتىلىرىنى تەكرارلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خىتاي تېررىتورىيەسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەنلىكى، تارىختىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا باشقۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكى، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ بۇنى ئىسپاتلايدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

مەزكۇر يىغىن جەريانىدا يەنە پاراللېل مۇنبەر ئۆتكۈزۈلگەن. ئالاقىدار خەۋەردە مۇنبەرگە خىتاي، ئەنگلىيە، رۇسىيە، ئىتالىيە، پاكىستان، كىرودىيە، موڭغۇلىيە دۆلىتىدىن كەلگەن 140تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس قاتناشقانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138-يىلى خەن ۋۇدىنىڭ جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى باشقۇرۇشنى باشلىغانلىقى، كېيىن غەربىي يۇرت





جۇڭگونىڭ تارىختىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىنى ئىدارە قىلىشى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

مۇھەررىر: 麦麦提艾力 | مەنبە:شىنجاڭ گېزىتى 2024/11/24 22:26

ما شىڭرۇي، ئەركىن تۇنىياز جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن كۆرۈشتى، خې جۇڭخۇۋ قاتناشتى

مەسئۇل مۇھەررىر : قۇربانجان قېيۇم

قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىختىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ «ئاتا مىراس زېمىنى»غا ئايلانغانلىقىدەك سەپسەتىلەر نومۇسسىزلارچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خىتاي ئەمەلدارلىرى بۇ قېتىملىق يىغىننى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇلازىمەت قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈلۈك يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر تارىخىنى بۇرمىلاشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان.

خىتاي يېقىنقى يىللاردا غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، ئاكادېمىك ساھە ۋە تەشۋىقات ساھەسىنى ئىشقا



سىيلىپ، بىر تۈركۈم ساختا مۇزېيلارنى تەسىس قىلدى، نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلىك فىلىم، كىتاب-ژۇرناللارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، تۈرلۈك يىغىنلارنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى، ئۇيغۇر تارىخىنى، كىملىكىنى بۇرمىلاشقا، ئىشغالىيەت تارىخى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا، پەردازلاشقا ئۇرۇندى.

ھالبۇكى، چەت ئەلدىكى كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار خىتاينىڭ بۇ خىل ساختىپەزلىكلىرىنىڭ پەقەت خىتايدىكى ساختا تەشۋىقات ۋە مېڭە يۇيۇش ئۈچۈن ئەسقاتىدىغانلىقىنى، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىنى ئالدىيالمايدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيەت تارىخىنى ھەرگىز يوشۇرالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەشمەكتە.





# ترامپ:
# خىتاينىڭ بارلىق مەھسۇلاتلىرىدىن 10٪ قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالىمەن

**كېلەر يىلى 20-يانۋار ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرىدىغان دونالد ترامپ 25-نويابىردىكى سۆزىدە ئامېرىكىغا زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشى سەۋەبلىك، ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىنىغان بارلىق خىتاي مەھسۇلاتلىرىدىن 10% قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ترامپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسى «ھەقىقەت ئىجتىمائىي» تورىدا: «مەن خىتاي بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك (بولۇپمۇ فېنتانىل) نىڭ ئامېرىكىغا ئېقىپ كىرىش مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلدىم، ئەمما ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. خىتاي ۋەكىللىرى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچىلارنى ئەڭ يۇقىرى جازالاپ، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى دېگەنىدى، ئەمما خىتاي ئەزەلدىن دېگىنىنى بويىچە ھەرىكەت قىلمىدى. زەھەرلىك چېكىملىك ئاساسلىقى مېكسىكا ئارقىلىق دۆلىتىمىزگە ئېقىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋال ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىگە يەتتى.





ئامېرىكىغا كىرىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك توختىغانغا قەدەر، بىز خىتاينىڭ ئامېرىكىغا ئېقىپ كىرگەن بارلىق مەھسۇلاتلىرىدىن 10% قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالىمىز» دېگەن.



# ئامېرىكا Temu نىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى




**ئامېرىكا** خىتاي ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى Temu نىڭ ئىشلەتكۈچىلەرنى قانۇنسىز نازارەت قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان بولۇپ، **مەزكۇر خىتاي شىركىتى چەكلەش بۇيرۇقىغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن ئىكەن.**

«نيۇيورك پوچتا گېزىتى»نىڭ 26-نويابىردىكى مەخسۇس خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى خىتاي ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى Temu ھەققىدە تەكشۈرۈش باشلىغان بولۇپ، مەزكۇر خىتاي شىركىتى ئەپ دېتالى ئارقىلىق ئابونتلارنى قانۇنسىز نازارەت قىلىش ۋە تەمىنلەش زەنجىرى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق بولۇش بىلەن ئەيىبلەنگەن. ئەگەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەقدىردە، Temu ئامېرىكا بازىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك چەكلىنىشى مۇمكىن ئىكەن.

نۇرغۇنلىغان ئەمەلدارلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر Temu نىڭ ئامېرىكىدا بازار باھاسىدىن خېلىلا تۆۋەن باھادا سودا قىلىدىغانلىقىنى

ئاشكارىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل سودا پائالىيىتى ناتوغرا سودا رىقابىتىگە چېتىلىپلا قالماي، بەلكى تەمىنلەش زەنجىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتىنىڭ بارلىقىمۇ ئەندىشە قوزغايدىكەن.

دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ بىر ئالىي ئەمەلدارىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، Temu ئۈستىدىن تەكشۈرۈش نۆۋەتتە داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بايدېن ھۆكۈمىتى تېخى ماھىيەتلىك تەدبىر قوللانمىغان. «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»غا خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك، يېقىندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جازا يۈرگۈزگەن 29 خىتاي شىركىتى قاتارىغا Temu كىرگۈزۈلمىگەن.

بۇ تەكشۈرۈشنىڭ قانۇنىي ئاساسى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» بولۇپ، مەزكۇر قانۇن ترامپ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان، 2021-يىلى پرېزىدېنت جوۋ بايدېن تەرىپىدىن ئىمزالانغان ۋە 2022-يىلى 6-ئايدىن باشلاپ رەسمىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ قانۇنغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان رايونىدىن كەلگەن مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشى ئېنىق چەكلەنگەن.

ئەگەر بىر شىركەتنىڭ مەزكۇر قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئېنىقلانسا، ئېمبارگو تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئامېرىكا بازىرىدا ھەر قانداق مەھسۇلاتنى سېتىشى مەنئى قىلىنىدىكەن. بۇ ئامېرىكىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قاراتقان سىستېمىلىق مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىگە قارشى قوللانغان ئەڭ كۈچلۈك تەدبىرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

Temu 2022-يىلى بازارغا كىرگەندىن بۇيان، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئۆي جاھازلىرى، كىيىم-كېچەكلەردىن تارتىپ ئاچقۇچ ھالقىلىرىغا بولغان چوڭ-كىچىك ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى بازار باھاسىدىن خېلىلا تۆۋەن باھادا سېتىش ئارقىلىق، خېرىدارلىرىنى كۆپەيتكەن.

# خىتاي مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە



**«پۇل-مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» 27-نويابىر ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىدىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرنى نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاينىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغىلى بىر يىلمۇ بولمىغان يېڭى مۇداپىئە مىنىستىرى دوڭ جۈن چىرىكلىك مەسىلىسى بويىچە تەكشۈرۈلۈشكە باشلىغان.**

دوڭ جۈن بۇلتۇر 12-ئايدا شى جىنپىڭ تەرىپىدىن خىتاي مۇداپىئە مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئەگەر بۇ خەۋەر رەسمىي دەلىللەنسە، دوڭ جۈن يېقىنقى مەزگىلدە خىتاينىڭ بۇ خىل تەكشۈرۈشكە دۇچ كەلگەن ئۈچىنچى مۇداپىئە مىنىستىرى بولۇپ قالىدىكەن. دوڭ جۈن ھەققىدە باشلانغان






تەكشۈرۈشنىڭ نىمە سەۋەبلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى كونكرېت ئەھۋاللار تېخى ئاشكارىلانمىغان.

خەۋەر قىلىنىشىچە، يېقىندا دوڭ جۈن لائوستا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى يىغىنىغا قاتناشقان، ئەمما يىغىندا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى لوييد ئوستىن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلغان. بۇ خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكىنىڭ تەيۋەنگە قورال-ياراغ سېتىپ بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. دوڭ جۈندىن ئىلگىرىكى مۇداپىئە مىنىستىرى لى شاڭفۇ بولتۇر ئۆكتەبىردە ۋەزىپىسىدىن ئېلىنغانىدى.

لى شاڭفۇدىن ئىلگىرىكى مۇداپىئە مىنىستىرى ۋېي فېڭخېمۇ چىرىكلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەندى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ماۋنىڭ مۇخبىرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا دۇچ كەلدى ۋە «ئاساسسىز گەپ» دەپلا جاۋاب بەردى.



# ۋولكسۋاگېن شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى




**ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق بولۇش بىلەن ئەيىبلىنىپ كەلگەن ۋولكسۋاگېن شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى زاۋۇتىنى ساتىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.**

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، گېرمانىيەنىڭ ئاپتوموبىل ماگناتى ۋولكسۋاگېن شىركىتى 27-نويابىر باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى تارماق زاۋۇتىنى ۋە تۇرپاندىكى سىناق يولىنى خىتاي شىركىتىگە سېتىۋېتىدىغانلىقىنى، بۇ قارارنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەب ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەش سەۋەبلىك بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ۋولكسۋاگېن شىركىتى ئۆزۈندىن

بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققەت نۇقتىسى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى شىركەت 2013-يىلى ئۈرۈمچىدە زاۋۇت قۇرغان ۋە خىتايدىكى شېرىكى شاڭخەي ئاپتوموبىل گۇرۇھى ئارقىلىق بۇ زاۋۇتنىڭ پېيىنى ساقلاپ قالغان. مەلۇم بولۇشىچە، ۋولكسۋاگېن شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى تارمىقىنى شاڭخەي ئاپتوموبىل تەكشۈرۈپ باھالاش تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزى چەكلىك شىركىتىگە سېتىپ بېرىدىكەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ماۋنىڭ مۇخبىرلارنىڭ ئالاقىدار سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، خەلقئارادىكى بىر قىسىم سىياسىي كۈچلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك ھەققىدە ئۆسەك سۆز تارقاتقانلىقى، مەقسىتىنىڭ بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش ئىكەنلىكىدەك سەپسەتىلىرىنى تەكرارلاپ بىلجىرلىدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، جۈملىدىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى سەۋەبلىك كۈچلۈك تەنقىد ۋە بېسىمغا دۇچ كەلگەن. ئۈرۈمچىدە زاۋۇت قۇرغان ۋە ساقچى دائىرىلىرىنى ئاپتوموبىل بىلەن تەمىنلىگەن ۋولكسۋاگېن شىركىتىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىش بىلەن ئەيىبلىنىپ كەلگەنىدى. ئەمما شىركەت بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىسپات تاپالمىغانلىقىنى، زاۋۇتىدا مەجبۇرىي ئەمگەك مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلغانىدى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، گېرمانىيە سودا گېزىتى 2019-يىلى ئاممىباب شىركىتىنىڭ تۇرپاندا تەسىس قىلغان سىناق يول ۋە باشقا يول قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىشى مۇمكىنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى. خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىمۇ بۇ يىل فېۋرال ئېيىدا بىر دوكلات ئېلان قىلىپ، ۋولكسۋاگېن، تېسلا، تويوتا ۋە بىيادى قاتارلىق خەلقئارالىق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مەۋجۇت بولۇشتىن ساقلانمىغانلىقىنى تەنقىد قىلغانىدى.

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والأعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بوياмچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV    info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15    +90 553 895 19 33    +90 541 797 77 00